# جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)

**شى جىنپىڭ**

**قېرىنداشلار، يولداشلار، دوستلار:**

بۈگۈن، بىز بۇ يەردە داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلىمەكتىمىز.

75 يىل ئىلگىرىكى بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو خەلقى دۇنيا خەلقى بىلەن بىرلىكتە، قەيسەر ئىرادە ۋە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق فاشىزمنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، ئىلغارلىق ئەكسىيەتچىللىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى!

75 يىل ئىلگىرىكى بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو خەلقى 14 يىل تىز پۈكمەي قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن ياپون مىلىتارىزمى تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى!

بۇ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، كۆلىمى ئەڭ زور، قۇربان بولغانلار ئەڭ كۆپ بولغان مىللەتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى، شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم تولۇق غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن مىللەتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيان چوڭقۇر، ئېغىر كرىزىسقا پېتىپ قېلىشتىن ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى، شۇنداقلا دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنىڭ غەلىبىسى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخ بەتلىرىگە مەڭگۈ ئويۇلدۇ! ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىيەت ئىشلىرى تارىخ بەتلىرىگە مەڭگۈ ئويۇلدۇ!

بۇ يەردە، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەرگە، پېشقەدەم يولداشلارغا، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى جياڭلىڭلارغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارادىكى دوستلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! غەلىبە ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بارلىق قەھرىمانلارنىڭ روھىغا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقىدا قازا قىلغانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن!

قېرىنداشلار، يولداشلار، دوستلار!

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىغا 5000 يىلدىن ئاشتى، جۇڭگو خەلقى ئاجايىپ ئىجادچانلىق كۈچى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئەمما، 1840 - يىلدىن كېيىن، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت، جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، جۇڭگو خەلقى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولدى. ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا سىجىل تاجاۋۇز قىلىشى يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ بىر بەت، ياپونىيە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگوغا قايتا - قايتا تاجاۋۇز قىلدى، 1894 - يىلى جياۋۇ ئۇرۇشىنى قوزغىدى، 1895 - يىلى تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋالدى، 1900 - يىلى باشقا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭغا بېسىپ كىردى، 1904 - يىلى ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشى قوزغاپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى، 1914 - يىلى چىڭداۋنى بېسىۋالدى، 1915 - يىلى «21 ماددا»نى ئوتتۇرىغا قويدى، 1931 - يىلى «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»نى قوزغاپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال پۈتۈن رايونىنى بېسىۋالدى، 1935 - يىلى خۇابېي ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى، 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋەنپىڭ ناھىيە بازىرىنى توپقا تۇتۇش ۋە لۇگوۋچياۋ كۆۋرۈكىگە ھۇجۇم قىلىش بەلگە قىلىنغان جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، جۇڭگونى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەيدىغان مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاسىيانى يۇتۇۋېلىپ، دۇنياغا ئىگە بولۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. ياپون مىلىتارىزمىنىڭ ياۋۇزلارچە تاجاۋۇز قىلىشى جۇڭگو خەلقىگە مىسلىسىز غايەت زور ئاپەت ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قوزغىدى.

«18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى چاڭبەيشەن تېغى ۋە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئارىسىدا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. «7 - ئىيۇل ۋەقەسى»دىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتلىق يولى ئىزدەش جۇڭگودىكى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرقايسى قاتلاملار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ھەمدە دۆلىتىمىز سىرتىدىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى، جۇڭگو شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى باسقۇچىغا كىردى ھەم دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانىنى ئاچتى.

مىسلىسىز مۇشەققەتلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىيلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، جەمئىيەت سەپەرۋەرلىكىنىڭ كەڭ، مىللەتنىڭ ئويغىنىشىنىڭ چوڭقۇر، جەڭ قىلىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنىڭ قەتئىي بولۇشىنىڭ ھەممىسى مىسلىسىز يۈكسەكلىككە يەتتى. ياڭ جىڭيۈ، جاۋ شاڭجى، زو چۈەن، پېڭ شۆفېڭ، تۇڭ لىنگې، جاۋ دېڭيۈ، جاڭ زىجۇڭ، دەي ئەنلەن قاتارلىق ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان جياڭلىڭلار، 8 - ئارمىيەدىكى «لاڭياشەن تېغىدىكى بەش قەھرىمان»، يېڭى 4 - ئارمىيەدىكى «ليۇلاۋجۇاڭ لىيەنى»، شەرقىي شىمال ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئارمىيەسىدىكى سەككىز ئايال جەڭچى، گومىنداڭ ئارمىيەسىدىكى «800 قەھرىمان» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلار توپى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان قوماندان ۋە جەڭچىلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى. جۇڭگو خەلقى پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن سېپىل قۇرۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە ئاتلىنىپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان، ئىنتايىن تەسىرلىك قەھرىمانلىق تارىخىي داستاننى پۈتتى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ياپون مىلىتارىزمىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش سۇيىقەستىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلدى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كۈچلۈك قوغدىدى، يېقىنقى زاماندىن بۇيان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى ئۈزۈل - كېسىل يۇيدى!

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قايتىدىن تىكلىدى، جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، جۇڭخۇا مىللىتى مىللەتنىڭ يۈكسەك شۆھرىتىنى قولغا كەلتۈردى!

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، ئازادلىقىغا ئىنتىلىش ئىرادىسىنى جىڭىتتى، قەدىمىي جۇڭگونىڭ سۇمۇرغنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش تارىخىي يېڭى مۇساپىسىنى ئاچتى!

قېرىنداشلار، يولداشلار، دوستلار!

— جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللەت روھىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. ۋەتەنپەرۋەرلىك مىللەت روھىمىزنىڭ يادروسى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەنىۋى رىشتىسى. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھايات - ماماتى ئالدىدا، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، تاغنى تالقان قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بۈيۈك ناخشىسىنى ياڭراتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك جۇڭگو خەلقىنى مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ، تارىخ ئېقىنىدا جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ پاراخوتنىڭ دولقۇن يېرىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك موتور، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنى تاغنى تالقان قىلىدىغان تارىخىي ئۇلۇغ كۈچنى نامايان قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە يېتەكلەيدىغان سەلتەنەتلىك بايراق!

— جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان ئۇلۇغ غەلىبە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچى قىلىپ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداشتا ئەڭ مۇستەھكەم بولدى، مىللەت مەنپەئىتىنى قوغداشتا ئەڭ قەتئىي بولدى، چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتا ئەڭ باتۇر بولدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مىللەت ھالاكەتكە دۇچ كەلگەن تارىخىي پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى كۆرۈنەرلىك سىياسىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە توغرا ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكىسى ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا، ئىتتىپاقلىشىشتا، ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇرەسسە قىلىشقا، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا، ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇشقا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرلىك سېپىنى قەتئىي قوغداپ، مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە - ئۆزى ئىگە بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغدىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتلىق يولى ئىزدەش ئۈمىدىگە تىرەك بولۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈككە ئايلاندى!

— جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىدىغان تارىخ ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىنلا مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلگەن تولۇق مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز، ياكى بۇنى ئومۇميۈزلۈك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى دەپ ئاتايمىز. چۈنكى مۇشۇنداق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىلا ئاندىن ئاممىۋى ئۇرۇشى بولىدۇ، ئاندىن ۋەتەننى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باش فاڭجېنى ۋە بىريۈرۈش خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يولغا قويدى، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى تايانچ بازىلاردىكى ئارمىيە، خەلق پىستىرما ئۇرۇشى، ۋەيران قىلىش ئۇرۇشى، مىنا ئۇرۇشى، لەخمە ئۇرۇشى، قۇشقاچ ئۇرۇشى قاتارلىق پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ تاكتىكا - ئۇسۇللىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا غەرق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلىپ ئاچقان دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى جەڭ مەيدانلىرى ۋە گومىنداڭ قوماندانلىق قىلغان يۈزمۇيۈز جەڭ مەيدانلىرى ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە زەربە بېرىش ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ بىر نىيەتكە كېلىپ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى يېڭىشتەك ھەيۋەتلىك تارىخىي داستاننى پۈتۈش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى!

— جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھەمدە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى تىنچلىق ۋە ھەققانىيلىقنى سۆيىدىغان دۆلەت ۋە خەلقلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلار قاتارلىق فاشىزمغا قارشى تۈرلۈك كۈچلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا بەرگەن قىممەتلىك ياردىمى ۋە مەددىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى كۈچلۈك ماددىي ئەشيا بىلەن قوللىدى، ئامېرىكا «ئۇچار يولۋاس ئەترىتى» خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ تۆگە لوكسى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئاچتى، چاۋشيەن، ۋيېتنام، كانادا، ھىندىستان، يېڭى زېلاندىيە، پولشا، دانىيە ھەمدە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى زور بىر تۈركۈم فاشىزمغا قارشى جەڭچىلەر جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە ئاتلاندى. كانادالىق دوختۇر بېتيون، ھىندىستانلىق دوختۇر كوتنىس ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي جۇڭگوغا كېلىپ ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلدى، فىرانسىيەلىك دوختۇر بېشىر ۋېلىسپىتلىك دورا توشۇيدىغان «تۆگە لوكسى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى»نى ئاچتى، گېرمانىيەلىك رابې، دانىيەلىك سىندبېرگ نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا تۈرلۈك ئاماللار بىلەن جۇڭگولۇق ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قوغدىدى، ئەنگلىيەلىك لىنمېك، ئىنتېرناتسىيونالىزم جەڭچىسى ھانس شىبو قاتارلىق مۇخبىرلار جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ ھەرىكىتىنى پائال خەۋەر قىلدى ۋە تەشۋىق قىلدى. ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!

جۇڭگو خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇساپىسىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى يېتىلدۈرۈپ، دۇنياغا دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەركىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان مىللەت غۇرۇرى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ئاداققىچە جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، ئېگىلمەس - سۇنماس، قەتئىي تەۋرەنمەي جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى نامايان قىلدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھى جۇڭگو خەلقىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، ئۇ مەڭگۈ جۇڭگو خەلقىنى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

قېرىنداشلار، يولداشلار، دوستلار!

جۇڭگو بىلەن ياپونىيە يېقىن قوشنىلار. جۇڭگو - ياپونىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاش ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن. ئىككى دۆلەتنىڭ 2000 نەچچە يىلدىن كۆپرەك ئالاقە تارىخىدا، تىنچلىق، دوستلۇق ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. جۇڭگو - ياپونىيە دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى سەۋىيەگە يېتىشى تەستە قولغا كەلگەن. بىز ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تارىخىي نەزەر ۋە يەرشارىۋى نەزەر بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ ۋە پىلانلاپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ پايدا ئالىدىغان يېڭى ئەندىزە بەرپا قىلىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا يولنى بويلاپ سىجىل ئالغا ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ياپون مىلىتارىزمىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تارىخىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوڭقۇر ئويلىنىش جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم سىياسىي ئاساسى. ياپون مىلىتارىزمىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان قىرغىنچىلىق جىنايىتى، ۋەھشىي، غالجىرانە تالان - تاراج قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى جۇڭگو خەلقى ۋە كەڭ ئاسىيا دۆلەتلىرى خەلقلىرىگە مىسلىسىز پاجىئەلىك ئاپەت ئېلىپ كەلدى. پاكىتنى يوققا چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ، شۇنداقلا يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. تاجاۋۇزچىلىق تارىخىنى ئىنكار قىلىدىغان، ھەتتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ۋە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى پەردازلايدىغان ھەرقانداق گەپ - سۆز جۇڭگو خەلقى ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرى خەلقلىرىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى، قاتتىق ئەيىبلىشىنى، يۈكسەك ھوشيارلىقىنى قوزغىماي قالمايدۇ.

ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماي، كېيىنكى ئىشلارغا ئۆرنەك قىلىش كېرەك. بىزنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئەيىبلەپ، تارىخىي تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى تەكىتلىشىمىز ئۆچمەنلىكنى داۋاملاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ تىنچلىققا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنى ئويغىتىش، تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، بىرلىكتە تىنچلىقنى قەدىرلەپ، تىنچلىقنى قوغداپ، جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتكۈزۈش، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى مەڭگۈ تىنچ، خاتىرجەملىكتىن بەھرىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

قېرىنداشلار، يولداشلار، دوستلار!

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغان 75 يىلدىن بۇيان، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى ياراتتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاز قالدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالدى. بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ!

بىز يەنە سەگەكلىك بىلەن شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز يەنىلا تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كېلىمىز، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئەمما قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، تاكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكىچە قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە. بىز جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى تارىخىنى چوڭقۇر چۈشەنسەكلا، شۇنى ئاسان بايقىيالايمىزكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، جۇڭگودا ھەركىم ئۆزى خان ئۆزى بەگ بولۇۋالىدىغان، قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى، بۇ ياپون مىلىتارىزمىنىڭ جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى قوزغاشقا جۈرئەت قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىدىن ئىبارەت ۋەزىپىنى تاماملاش تېخىمۇ ئۇزاققا سوزۇلۇشى، تۆلەنگەن بەدەل تېخىمۇ زور بولۇشى مۇمكىن ئىدى، دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۈگۈنكىدەك خەلقئارا ئورۇنغا ئىگە بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىنىڭ تۈپ ئاساسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى، ئامانلىقىنىڭ تۈپ ئاساسى. بىز پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەمىزنى بارغانسېرى پىششىق يېتىلدۈرۈشىمىز، بارغانسېرى ساپلاشتۇرۇشىمىز، بارغانسېرى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز، بارغانسېرى جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى قاتلاملار، ھەر ساھە زاتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممە بىر نىيەتتە ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!

(ئاخىرى 3 - بەتتە)